# تەلىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، سادىقلىق بىلەن ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلىمىز

(بېشى 1 ـ بەتتە)

8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى سىن يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو خەلق ساقچىلىرى قوشۇنىغا بايراق بېرىش مۇراسىمىدا قىلغان مۇھىم تەلىم سۆزىنىڭ روھىنى تېز يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئۆزلەشتۈردى. يىغىندا بىردەك مۇنداق قارالدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق پارتىيەگە سادىق بولۇش، خەلققە مۇلازىمەت قىلىش، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش، ئىنتىزامدا قاتتىق بولۇش ئومۇمىي تەلىپىنى ساداقەتمەنلىك بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئۈمىدى ۋە مۇھىم تاپشۇرۇقىنى قەتئىي يەردە قويماسلىقى كېرەك. دۆلەتنىڭ سىياسىي بىخەتەرلىكى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى سىناپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەلىم سۆزىنىڭ روھىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى، قوشۇن قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشى كېرەك.

8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى سىن يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم تەلىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى. يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ھەر مىللەت كادىر ـ ساقچىلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «تۆۋتتە پولاتتەك بولۇش» مۇھىم يوليورۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق «پارتىيەگە سادىق بولۇش، خەلققە مۇلازىمەت قىلىش، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش، ئىنتىزامدا قاتتىق بولۇش» ئومۇمىي تەلىپىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، كۈرەش قىلىشقا ماھىر بولۇپ، ئۆزىنى بېغىشلاپ، قۇربان بېرىشتىن باش تارتماي، «قەتئىي پاك بولۇش، پارتىيەنى خاتىرجەم قىلىش، ئۆزىنى بېغىشلاش، جان تىكىپ ئېلىشىش، غەلىبە قىلىشقا ماھىر بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى قوغداشتىن ئىبارەت شەرەپلىك بۇرچنى زىممىسىگە ئېلىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ۋە شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

«باش شۇجىنىڭ جۇڭگو خەلق ساقچىلىرى قوشۇنىغا ئۆزى بايراق بەرگەنلىكى ھەم تەلىم سۆزى قىلغانلىقى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ساقچىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى، غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى، بۇ غايەت زور ئىلھاملاندۇرۇش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش، تۈرتكە بولدى.» خوتەن ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى مۇرات شېرىپجان مۇنداق دېدى: بىز ھەربىر خىزمەتنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، سادىقلىق ۋە ئۆزىنى بېغىشلاشنى قېنىمىزغا سىڭدۈرۈپ، قەلبىمىزگە مەھكەم ئورنىتىپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي بىخەتەرلىكى، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى، خەلقنىڭ خاتىرجەملىكىنى قوغداشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە باشتىن ـ ئاخىر كۈرەش قىلىمىز.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك ئالىي ساقچى باشلىقى رىن يىنىڭ ئېيتىشىچە، 41 يىللىق جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى جەريانىدا، جامائەت خەۋپسىزلىكىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىگە گۇۋاھ بولغان، ئىسلاھات نەتىجىلىرىنى كۆرگەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ھېس قىلغان، «مەن پارتىيەنىڭ بۇيرۇقىغا قەتئىي بويسۇنۇپ، مەڭگۈ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى بولۇپ، پارتىيە ۋە خەلق يۈكلىگەن يېڭى دەۋردىكى مەسئۇلىيىتىم، بۇرچۇمنى ياخشى ئادا قىلىمەن!»

بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، جاڭ جياۋنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدىكى ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغاچقا، غۇلجا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى پارتىيە كومىتېتى تەرىپىدىن ئۇرۇش سېپىدە ئۆستۈرۈلۈپ، بۇ ئىدارىنىڭ خۇاگوشەن ساقچىخانىسىنىڭ مۇئاۋىن ساقچى باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ مۇنۇلارنى دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەلىم سۆزى بىزنىڭ غەيرىتىمىزنى ئۇرغۇتتى. «پارتىيەگە سادىق بولۇش» بىر پارتىيە ئەزاسى، بىر خەلق ساقچىسىغا قويۇلغان باش تەلەپ، مەن غايە ـ ئېتىقادىمنى چىڭىتىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى فېڭچياۋ تەجرىبىسىنى پائال ئەمەلىيىتىمدە كۆرسىتىپ، خەلق ساقچىلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتتىن كېچىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەش، شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلاشتەك ياخشى ئوبرازىنى تولۇق نامايان قىلىمەن.

«8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ساقچىلار قوشۇنى مەڭگۈ ئەستە ساقلايدىغان كۈن، مەن چەكسىز پەخىرلەندىم ۋە ئىپتىخارلاندىم.» باي ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى توقسۇن ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى قۇربان ھىمىت مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەلىم سۆزى ئىنتايىن ۋەزنىلىك بولۇپ، شان ـ شەرەپ، مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچقا سىمۋول قىلىنغان ساقچى بايرىقى ئاستىدا، بىز ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىمىزنى سادىقلىق بىلەن تولۇق ئادا قىلىپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى قەتئىي يەردە قويماي، جان ـ دىلىمىز بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىمىز.

# بۇ يىل 7 ـ ئايدا پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ مەسىلىدىن 498ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى

**ئۆز خەۋەرىمىز** 2020 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ 498 مەسىلە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، 550 كىشى بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىسىدىن 380ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، راھەتپەرەسلىك، ھەششەمەتچىلىك مەسىلىسىدىن 118ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى؛ 312 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى، مەمۇرىي جازا بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك 11 كىشى، يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىلىك 301 كىشى بار.

سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، «ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش جەھەتلەردە مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئالماي، قىلىدىغاننى قىلماي، قالايمىقان ئىش قىلىپ، ساختا ئىش قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەن» 352 مەسىلە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان بولۇپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىسى ئومۇمىي ساننىڭ %92.6نى ئىگىلىگەن؛ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا داچىلىق، قىممەت ئالاھىدە مەھسۇلات ۋە سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل قوبۇل قىلىش ـ سوۋغا قىلىش مەسىلىسىدىن 52سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان بولۇپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان راھەتپەرەسلىك، ھەششەمەتچىلىك مەسىلىلىرى ئومۇمىي ساننىڭ %44.1نى ئىگىلىگەن.

نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ پائال ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ھالىتى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىپ، كېڭەيتىلىپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى يۈكسەك ھوشيار بولۇپ، بىخۇدلۇق ئىدىيەسى، ئۇرۇشتىن بىزار بولۇش كەيپىياتى، تەلەي سىناش پسىخكىسى، بوششىپ كېتىش روھىي ھالىتىنى يېڭىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ داۋاملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ سىياسىي نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۈتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش توغرىسىدىكى ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈشنى قىلچە بوشاشتۇرماي داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، ھەر دەرىجىلىكلەرنىڭ ئامما دوختۇرغا كۆرۈنۈش، داۋالىنىش، پسىخىكىلىق يېتەكلەش، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنى قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى چوڭقۇر، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىدىكى شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، پاسسىپلىق، بوشاڭلىق قىلىش، مەسئۇلىيەتنى بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىپ قۇرۇق تالاش ـ تارتىش قىلىش قاتارلىق قىلىدىغاننى قىلماسلىق، سۆرەلمىلىك قىلىش، قالايمىقان ئىش قىلىش مەسىلىلىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۈتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك ئىنتىزام كاپالىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

گۈلقەنت ياساپ ئېشىپ قالغان گۈللەرنى كەنت ئاھالىلىرى بازارغا ئاپىرىپ ساتاتتى. چۈشتىن بۇرۇن ئۈزگەندە رەڭگى چىرايلىق قىزىلگۈللەرنىڭ چۈشتىن كېيىن رەڭگى ئاستا ـ ئاستا ئۆڭۈپ كەتكەچكە، سېتىش تەسكە توختايتتى. گۈل سېتىۋالىدىغانلار ئاز، مىقدارىمۇ ئاز بولغاچقا، ھەر كىلوگىرامىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى بىر يۈەنگە يەتمەيتتى. ئۈمىدسىزلەنگەن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بەزىلىرى سېتىپ چىقىرالمىغان گۈللەرنى كېرىيە دەرياسىغا تۆكۈۋېتەتتى، بەزىلىرى قىزىلگۈلنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا يۇلۇۋېتەتتى.

1997 ـ يىلدىن بۇيان، قىزىلگۈل شۇ جاينىڭ خاس كەسپى سۈپىتىدە زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىلدى، ھەنپە ۋە كەنت ئاھالىلىرى قىزىلگۈلنى ئېتىزلىقتا «تەكلىپ» قىلىپ، ئۇنىڭغا «قۇملۇق قىزىلگۈلى» دەپ نام قويدى. «ھازىر ئوخشىمايدۇ، بازارغا ئېلىپ بارمىساقمۇ بولىدۇ، ناھايىتى نۇرغۇن كىشى ئېتىزغا كېلىپ سېتىۋالىدۇ، يېڭى گۈل ۋە قۇرۇتۇلغان غۇنچىسىنى ياخشى باھادا ساتقىلى بولىدۇ» دېدى ھەنپە.

### بازىرى ئىتتىك قىزىلگۈل

قىزىلگۈلدىكى ئۆزگىرىش كۆلەملەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش، ئىنچىكە تۈجۈپىلەپ پەرۋىش قىلىش ۋە گۈلچىلەرنىڭ تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنىڭ ئۆسۈشىدىن كەلدى. بۇ نۇقتىدا شىنخۇا شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتىنىڭ كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ئارال يېزىسى غادىراڭ كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 ـ شۇجى، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى گو يۈك ئەڭ چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە.

غادىراڭ كەنتىدىكى ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى قىزىلگۈل ئۆستۈرىدۇ، لېكىن دېھقانلارنىڭ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، ھەر مو يەردىن قىلىنغان كىرىم پەرقىمۇ ناھايىتى چوڭ ئىدى. شۇڭا شىنخۇا شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ تېخنىك خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىپ، كەنتتە 25 مو يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسى بەرپا قىلىپ، نەق مەيداندا ئوقۇتۇش ۋە مەركەزلەشتۈرۈپ دەرس ئۆتۈش ئارقىلىق، كەنتتىكە قىزىلگۈل ئۆستۈرۈش تايانچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى.

«بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن كەنتتە 2000 مو يەرگە قىزىلگۈل ئۆستۈرۈلدى، مو بېشى كىرىمى 3000 يۈەندىن ئاشتى، قىزىلگۈل كەنتنىڭ يېتەكچى كەسپىگە ئايلاندى» دېدى گو يۈك.

سىستېمىلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئەنئەنىۋى كىچىك ھەم تارقاق قىزىلگۈل كەسپى تەدرىجىي ھالدا «كارخانا + بازا + ھەمكارلىق كوپېراتىپى + دېھقان ئائىلىسى»دىن ئىبارەت زامانىۋى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات شەكلىگە قاراپ تېز ئۆزگەرتىپ، كەسپ تەرەققىيات سەۋىيەسى ۋە ئۈنۈمى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى. نۆۋەتتە، پۈتۈن ناھىيە بويىچە قىزىلگۈل ئۆستۈرۈش كۆلىمى 46 مىڭ موغا يېتىپ، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 7000 توننىدىن ئېشىپ، «كېرىيە قۇملۇق قىزىلگۈلى» مەملىكەت بويىچە داڭلىق، ئالاھىدە، سۈپەتلىك، يېڭى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تىزىملىكىگە تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

سىپىرەمخان مەتتوختى غادىراڭ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى بولۇپ، ئائىلىسىدە كىلەر بەش مو يەردە قىزىلگۈل ئۆستۈرىدۇ. «ئىلگىرى تېخنىكا بىلمەيتتىم، گۈل شاخلىرىنى چاتاشقىمۇ كۆزۈم قىيمايتتى. قىزىلگۈل ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلەشكە قاتناشقاندىن كېيىن، مەن قەتئىي ھالدا تېخنىكا تەلىپى بويىچە ئوغۇتلايدىغان، گۈل شاخلىرىنى چاتايدىغان بولدۇم. گۈل ئۆستۈرۈپ 15 مىڭ يۈەن، گۈل ئۈزۈپ 4000 يۈەنگە يېقىن كىرىم قىلدىم، ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا ئىشقا ئورۇنلىشىپ ئايدا 2000 يۈەن كىرىم قىلىمەن، بۇ يىل قىزىلگۈلدىنلا 40 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىمەن.» سىپىرەمخاننىڭ چىرايىدىن كۈلكە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

### ئۆزگەرگەن قىزىلگۈل

خوتەن شەھىرىگە جايلاشقان شىنجاڭ خوتەن ياڭگۇاڭ قۇملۇق قىزىلگۈل چەكلىك شىركىتىنىڭ كۆرگەزمىخانىسىغا كىرگەن كىشىلەر نەپىس ئورالغان قىزىلگۈل مەھسۇلاتلىرىنى قولدىن چۈشۈرگىسى كەلمەيدۇ.

«گۈلقەنت، قىزىلگۈل چېيى، قىزىلگۈل جەۋھەر مېيى، قىزىلگۈل ساپ شەربىتى... بىز تەتقىق قىلىپ ئاچقان مەھسۇلاتلار بەش چوڭ تۈر بولۇپ، 100 خىلدىن ئاشىدۇ. قاراڭ، بۇ يېڭى قىزىلگۈلدىن ئېلىنغان قىزىلگۈل سۈيى، بىزنىڭ خېرىدارلىرىمىز پۈتۈن مەملىكەتكە تارقالغان، سېتىلىش مىقدارى بەك ياخشى.» شىنجاڭ خوتەن ياڭگۇاڭ قۇملۇق قىزىلگۈل چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى لى يۈچىڭ پەخىرلەنگەن ھالدا شۇنداق تونۇشتۇردى.

قىزىلگۈلنىڭ تۈرلۈك يارقىن مەھسۇلاتلارغا ئۆزگىرىشىدە تايىنىلغىنى ئىنچىكە پىششىقلاش.

2009 ـ يىلى، شىنجاڭ خوتەن ياڭگۇاڭ قۇملۇق قىزىلگۈل چەكلىك شىركىتىنىڭ 2000 كىلوگىرام قىزىلگۈل جەۋھەر مېيى ئېلىش ھەم 7000 توننىلىق ھاۋا تەڭشەپ سوغۇق ساقلاش ئىسكىلاتى تۈرى قىزىلگۈلنى ئىنچىكە پىششىقلاش يولىنى ئاچتى. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ شىركەت تەرەققىي قىلىپ مەركەزلىك ئۆستۈرۈش، پىششىقلاش، سېتىش، تەتقىق قىلىپ ئېچىش بىر گەۋدىلەشكەن قىزىلگۈلنى ئىنچىكە پىششىقلاش كارخانىسىغا ئايلاندى.

قىزىلگۈل بىلەن بىللە ئۆسۈپ يېتىلىپ، پورەكلەپ ئېچىلغانلاردىن يەنە شىنجاڭ كېرىيە گۈيمى بېيو پەن ـ تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى بار. شۇ جايدىكى قىزىلگۈل كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى يېتەكلەيدىغان باشلامچى كارخانا بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ شىركەت كەسپ زەنجىرىنى ئۇزارتىش، قوشۇلما قىممىتىنى ئۆستۈرۈشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، تەتقىق قىلىپ ئېچىش سالمىقىنى زورايتىپ، قىزىلگۈلدىن ئىنچىكە پىششىقلانغان يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلارنى شەكىللەندۈردى، نۆۋەتتە مەھسۇلات تۈرى 65تىن ئېشىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سېتىلماقتا.

باشلامچى كارخانىلارنىڭ تۈرتكە بولۇشىدىن باشقا، كېرىيە ناھىيەسى يەنە قىزىلگۈل دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىن 14نى قۇرۇپ، كۆلەملەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش، ئىلمىي پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق، يەرلىك قىزىلگۈلنى خاسلىققا ئىگە قىزىلگۈل مەھسۇلاتلىرىغا «ئۆزگەرتىپ»، شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ قىزىلگۈل كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى جەڭگىۋار قوشۇنىغا ئايلاندى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

رايون ھالقىپ ماشىنىدا يىغىش بويىچە كۆتۈۋېلىش مۇلازىمەت پونكىتىدىن 251ى قۇرۇلدى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن ئورۇش، تېرىش قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون دېھقانچىلىق ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، قوناق، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، كۆزلۈك يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى تەرتىپلىك قانات يايدۇردى. يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا تارماقلىرى مەشغۇلات ۋەزىپىسى ۋە ماشىنا ـ سايمانلارنى ئىلمىي تەڭشەپ ـ تەقسىملەپ، ماشىنا ـ سايمانلارنىڭ مۇۋاپىق يۆتكىلىشى ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك مەشغۇلات قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، كۆزلۈك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ رايون ھالقىپ ماشىنا بىلەن تېرىش، يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش، يەر رەتلەش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنى پائال قانات يايدۇرۇپ، بىر مو يەر پىشسا، بىر مو يەردىن ھوسۇل ئېلىش، بىر مو يەر ئېچىلانسا، بىر مو يەرگە تېرىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇردى. نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يازلىق قوناقنى ماشىنىدا تېرىش نىسبىتى %98.84كە يەتتى، قوناق بىرلەشمە كومبايىنى ۋە سىلوس يەم ـ خەشەكنى يىغىش ماشىنىسىنىڭ كاپالەت مىقدارى ئايرىم ـ ئايرىم 3973كە، 2305كە يەتتى.

بۇ يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون تەكشۈرۈش رەسمىيىتىنى يەنىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇپ، دېھقانلارنى يان تېلېفون APPسى قاتارلىقلار ئارقىلىق ياردەم تولۇقلىمىسى ئىلتىماسىنى دەرگۇمانسىز بىجىرىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىلىدىغان ماشىنا ـ سايمانلارنى تەكشۈرۈشنى ئالدىن كېلىشىش قاتارلىق مۇلازىمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى سېتىۋېلىشى، ئىشلىتىشىگە قولايلىق ياراتتى. ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىش ياردەم تولۇقلىمىسى يولغا قويۇشنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، 953 مىليون يۈەن ياردەم تولۇقلىما مەبلىغى تارقىتىلىپ، ئىلگىرىلەش سۈرئىتى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون يەنە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان، مۇھىت ئاسرايدىغان، دەل جايىدا، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ھوسۇل يىغىش ماشىنىلىرىنى نۇقتىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرى ياردەم تولۇقلىمىسى دائىرىسىگە كىرگۈزدى، بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىلىپ يېڭىدىن سېتىۋېلىنغان دانلىق زىرائەت يىغىش ماشىنىسى، پاختا يىغىش ماشىنىسى، سىلوس يەم ـ خەشەك يىغىش ماشىنىسى قاتارلىق ئىلغار، قوللىنىشچان يىغىش ماشىنىسى 2000دىن كۆپرەككە يېتىپ، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلاتىنى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇش كۈچلۈك جابدۇق مەدەتتى بىلەن تەمىنلەندى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئورۇنلارنىڭ ئورگان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى تارماقلىرىدىن يېمەك ـ ئىچمەك ئىسراپچىلىقىنى توسۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ۋە ياندىش خىزمەت مېخانىزمى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، تېجەشچان ئورگان ۋە ئاممىۋى ئاپپاراتلار بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ئورنى بەرپا قىلىش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېمەك ـ ئىچمەك ئىسراپچىلىقى قىلمىشلىرىنى قەتئىي توسۇش جەھەتتىكى باشلامچىلىق، يېتەكلىگۈچىلىك، ئۈلگە كۆرسەتكۈچىلىك رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئىسراپچىلىقنى نومۇس، تېجەشلىك بولۇشنى شەرەپ بىلىدىغان قويۇق كەيپىيات يارىتىشنى تەلەپ قىلدى.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ ۋە قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەۋقەنى ئۆز ساھە، كەسپىگە قويۇپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، ئىقتىسادچان ـ تېجەشلىك بولۇشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەك.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئاشخانىسى، ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن مېھمان كۈتۈش مېھمانخانىسى ۋە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى تەربىيەلەش ئاپپاراتلىرى، ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ھەرقايسى داۋالاش ئاپپاراتلىرىغا بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە ساغلام، مەدەنىي، تېجەشلىك غىزالىنىش شەكلىنى يولغا قويۇش كېرەك. يېمەك ـ ئىچمەك ئىسراپچىلىقى قىلمىشلىرىنى توسۇش توغرىسىدىكى تەشۋىق ـ تەربىيەنى داۋاملاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇپ، يېمەك ـ ئىچمەك ئىسراپچىلىقىنى توسۇش ۋە ئاشلىق تېجەش خىزمىتىدىكى ياخشى تەجرىبە، ياخشى ئۇسۇل، ياخشى تىپلارنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش، ئاشلىق تېجەيدىغان، يېمەك ـ ئىچمەك ئىسراپچىلىقىنى توسىدىغان كۈچلۈك ئاممىۋى پىكىر يېتەكچىلىكى ۋە قويۇق جەمئىيەت كەيپىياتىنى تىرىشىپ يارىتىش كېرەك. نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇپ، سەلبىي تىپلارنى ئوچۇق ئاشكارىلاپ، روشەن قىممەت يۆنىلىشى ۋە داۋاملاشقان، ئۇزاق ئۈنۈملۈك خىزمەت ئەندىزىسىنى تىرىشىپ شەكىللەندۈرۈش كېرەك.